## 65506 ـ ئۆلار كىشىلەرنىڭ مەسچىدكە كىرىشىگە قىزىقىپ ، ئەر-ئاياللارنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىگە يول قويۇۋاتىدۇ.

**سۇئال**

رامىزان مەزگىلى مەسچىتىمىزدە ئىپتاردىن بىر ئاز بۇرۇن ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشى يۈز بېرىدۇ . بۇ ئىش نەچچە يىلدىن بېرى داۋاملىشىۋاتىدۇ . مەسچىت باشقۇرغۇچىلار ئەگەر ئۇلار كىشىلەرگە قىلماقچى بولغىنىنى قىلغىلى قويمىسا ، ئۆلارنىڭ مەسچىتكە كەلمەيدىغانلىقىنى بانا قىلىشتى . يەنە تىخى ، تەراۋىيھتا يۈز بېرىدىغان بىر نەچچە بىدئەتلەر بار ، مەسىلەن : ئۆلار تەراۋىيھنىڭ ھەر تۆت رەكئىتىدىن كېيىن تەسبىيھ ئېيتىدۇ . بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن سىلەرنىڭ ماڭا كۆرسىتىدىغان قانداق نەسىھەتىڭلار بار ؟

**تەپسىلى جاۋاپ**

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

بىرىنچى :

ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ ئۆز-ئارا ئارىلىشىپ كېتىشى ھارام . چۈنكى ئۇ نۇرغۇن سەلبى ئاقىۋەتلەرنى ۋە ھارام ئىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . 1200-سۇئالنىڭ جاۋابىدا ئارىلىشىپ كېتىشنىڭ چەكلىنىشىدىكى دەلىلەر ئوتتۇرغا قويۇلۇپ بولدى .

ئارىلىشىپ كېتىش ھەر بىر ۋاقىت ۋە ھەربىر ئورۇندا چەكلەنگەنىكەن ، ئۇنداقتا ئۇ ئىش رامىزان ئېيىدا مەسچىدلەردە يۈز بەرسە چەكلىنىش تېخىمۇ تەكىتلىنىدۇ . چۈنكى ئۇ ئىسلام دىنىنى قوغداش ۋە ئۇنى تەشۋىق قىلىش ، كىشىلەرنى ياخشىلىققا چاقىرىش ۋە ئۇلارنى بۇزۇق ، رەزىل ئىشلارنى قىلىشتىن چەكلەشتىن ئىبارەت مەسچىتلەرنىڭ قۇرۇلىشىدىكى شەرئىەت مەقسەتلىرىگە زىت . ھەمدە ئۇ تەقۋالىققا ئىرىشىش ، نەپس خاھىشلاردىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت روزا تۇتۇشتىكى ھىكمەتكە زىت .

بارلىق مەسچىت كىشىلىرىنىڭ بۇ يامان ئىشنى ئىنكار قىلىشى ۋە ئۇنى يوقۇتۇشقا تىرىشىشى ۋاجىپ . مەسچىتنى باشقۇرغۇچىلار بۇنىڭغا ئالاھىدە مەسئۇل .

ھىچكىمنىڭ ئۆز-ئارا ئارىلىشىپ كېتىشىنى مەنئى قىلساق ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مەسچىتكە كەلمەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ بۇ يامان ئىشنى ئاقلاشقا ياكى ئۇنىڭغا سۈكۈتتە تۇرىشىغا بولمايدۇ . بۇ بىر نەچچە جەھەتتىن رەت قىلىنىدۇ :

1- يامان ئىشنى ئىنكار قىلىشقا قادىر تۇرۇپ ئۇنى ئىنكار قىلىشتىن سۈكۈتتە تۇرۇش گۇناھ . پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ تىرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) : سىلەردىن كىمكى بىر يامان ئىشنى كۆرسە ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن ، ئەگەر قىلالمىسا تىلى بىلەن بولسۇن ، ئەگەر قىلالمىسا دىلى بىلەن بولسۇن . ھەمدە ئۇ ئەڭ ئاجىز ئىمان . [ مۇسلىم نەقىل قىلغان ، 48 ]

ئەقىللىق ئادەم ئۆزىنىڭ مەسچىتكە كېلىشى ئۇنىڭ گۇناھكار بولۇشىغا سەۋەپ بولۇشىنى خالىمايدۇ .

2- مەسچىتنىڭ ئوينايدىغان ئەڭ مۇھىم رولى- كىشىلەرنى ياخشىلىققا چاقىرىش ، ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇش . شۇڭا مەسچىتنى باشقۇرغۇچىلار كىشىلەرگە ئۆز-ئارا ئارىلىشىپ كېتىشنىڭ ھاراملىقىنى چۈشەندۈرشى ھەمدە ئۇنى قىلىشتىن

توختىتىشى كېرەك .
3– بۇ كىشىلەر مەسچىتكە ھەرگىز كەلمەيدۇ دېيىش پەقەتلا پەرەز . ھەتتا بىز شۇنداق بولىدۇ دەپ پەرەز قىلساق ، ئالىملار ئارىسىدىكى قارالما شۇكى ، يامان ئىشتىن ساقلىنىش ياخشى ئىشنى پەيدا قىلىشتىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ .
4– ئاياللارنىڭ ئىپتاردىن بۇرۇن يىغىلىشى ئۈچۈن ئايرىم جاي قۇرۇلسا بولىدۇ ، ئۇ مەيلى مەسچىتنىڭ بىر بۆلۈكىدا ، ياكى سىرتىدا، چېدىردا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەرسىدە بولسۇن . ھەمدە ئۇلارغا كېرەكلىك پروگراممىلار ۋە پايدىلىق ئىشلار تەمىنلەنسە بولىدۇ ، ھەمدە ئۇ ئاياللارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە بولۇشى كېرەك .
5– دەۋەت قىلغۇچى ئىشلارنىڭ قانداق بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ۋە ئۇنى تۈزەشكە كۈچ چىقىرالايدىغان بولۇشى ، ئىشلارنىڭ تەسىرگە ئۇچرىماسلىقى ،ياكى ئۇنى ئاقلاشقا ئىزدەنمەسلىكى كېرەك .
ئارلىشىپ كېتىش بولسا بىز ئىسلامدىن يىراقلىشىپ كەتكىنىمىز ئۈچۈن پەيدا بولغان بىر مەسىلە . ئۇنى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا چوقۇم كۈچ چىقىرىلىشى كېرەك . ئەگەر بىرىنچى قەدەم ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىدە ئىلىنمىسا ، ئۇنداقتا قەيەردىن باشلايمىز ؟!
سىز مەسئۇل كىشىلەرنى قايىل قىلىشقا بىر نەچچە قېرىنداشلىرىڭىز بىلەن خىزمەت ئىشلەڭ ، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاياللارنىڭ يىغىلىشىغا مۇۋاپىق جاي ھازىرلىشىغا ، ھەمدە ئاياللارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان پروگراممىلارنى ھازىرلىشىغا ياردەملىشىڭ .
ئاللاھتىن تىرىشچانلىقلىرىڭىزنى مۇۋەپپىقىيەتلىك ۋە ئوڭۇشلۇق قىلىشنى سورايمىز .
ئىككىنچى :
تەراۋىيھنىڭ ھەر تۆت رەكئەتتىن كېيىن تەسبىيھ ئېيتىش ھەققىدىكى سۆزىڭىزگە كەلسەك ، بىز ئۇنى 50718– سۇئالنىڭ جاۋابىدا ئۇنىڭ قىلماسلىقىقا تېگىشلىك بىر بىدئەتلىكىنى بايان قىلدۇق .
پېشىۋا ئىبنۇ باز ( ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھىم-شەپقەت قىلسۇن) دىن:

تەراۋىيھنىڭ رەكەتلىرى ئارلىقىدا پەيغەمبەرگە ئاللاھنىڭ تەرپىلىشى ۋە ئامانلىقىنى سوراپ ھەمدە ئاللاھنىڭ توغرا يوللۇق خەلىپىلەردىن رازى بولۇشىنى تىلەپ ئاۋازىمىزنى كۆتۈرۈشىمىزنىڭ ھۆكمى نىمە ؟ دەپ سورالغاندا ، ئۇ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دىگەن : " بىلىشىمىزچە ، شەرىئەتتە ئۇنىڭغا ئاساس يوق ، بەلكى ئۇ بىر بىدئەت ھەمدە قىلىنماسلىقى كېرەك . بۇ ئۇممەتنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ ئىشلىرىنى پەقەت دەسلەپكى ئەۋلادلارنىڭ ئىشلىرىنى تۈزىگەن نەرسىلا تۈزىيەلەيدۇ ، ئۇ بولسا قۇرئان ۋە سۈننەتكە ، ھەمدە بۇ ئۇممەتنىڭ دەسلەپكى ئەۋلادلىرىنىڭ يولىغا ئەگىشىش ، ھەمدە ئۇنىڭغا زىت نەرسىلەردىن ساقلىنىش . " تۈگىدى .
[ ئىبنۇ باز فەتىۋالار توپلىمى ، 11369 ]
ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .